# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي قاتلامغىچە ئۇزارتىلىشى، چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچىدىن، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يە-
نىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي يۆنىلىشنى چىڭتىش
كېرەك. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزم ئىدىيەسى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىن-
جاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق
قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، ئومۇملاشتۇ-
رۇش، تەتقىق ـ مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەت-
لەرنى دائىملىق قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش،
پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە سىجىل
كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز
ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۈزلۈكسىز چۈشىنىپ، تىرى-
شىپ ئىدىيە ئۇلۇغ كۈچىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي
مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان
قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، سىيا-
سىي مەسئۇلىيەتنى چىڭتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك
پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپىسى)لىرى پارتىيەنى
باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇ-
لىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، دەرىجىمۇ دەرىجە
تۇتۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتلاممۇ قاتلام تۇتۇشى
كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى شۇجىلە-
رى شۇجى تۇتۇش، شۇجىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ،
ھەقىقىي تۈردە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئەمەلىي
تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، جايىدا تۇتۇشى كېرەك؛
ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پار-
تىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت «مەسئۇلىيەت ئېتىزى»نى
ياخشى تېرىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئى-
دارە قىلىشنىڭ ئاساسىي قاتلامغىچە ئۇزارتىلىشى،
چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىنى سىجىل ئالغا
سىلجىتىشى كېرەك.

تۆتىنچىدىن، كۈچىنى مۇقىملىق، تەرەققىياتقا مۇ-
جەسسەملەپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈ-
چەيتىش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى
قىلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش ئارقىلىق خىزمەت-
لەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، راستچىل ـ
ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج
ئالدۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا
قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ،
يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد،
جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەق-
قىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمـ
نىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، جەمئى-
يەت مۇقىملىقى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى-
نى ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات-
دىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ،
«14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەم-
نى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش
كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى
كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ، سىياسىي ئاساسنى پۇختىلاش
كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى چىڭ تۇتىدىغان روشەن
يۆنىلىشنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، كۈچەپ ھەرقايسى سا-
ھەلەردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇ-
رۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئا-
ساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى سىجىل تەرتىپكە
سېلىپ، كەنت دەرىجىلىك زاپاس كادىرلار قوشۇنى
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەش-
كىلاتلىرىنى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، مۇقىملىقنى
قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى قۇدرەت-
لىك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛
پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى
ياخشى ئىشلەپ، تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، تە-
رەققىي قىلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ئە-
زالىرى قوشۇنىنى زورايتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، ئىستىلنى سىجىل ياخشىلاپ، سىيا-
سىي ئېكولوگىيەنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. خەلق
ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى پۇختا
تۇرغۇزۇپ، ئاممىۋى لۇشيەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسى-
تىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۈپ جانجان مەنپەئىتىنى
ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا قان بىلەن گۆشتەك مۇنا-
سىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئادەم تاللاش،
ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىش بەلگىسىنى ياخشى تۇرغۇ-
زۇپ، سىياسىي ئۆلچەمنى گەۋدىلەندۈرۈپ، روشەن
يۆنىلىش تۇرغۇزۇپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى
چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىشقا، چېگرا رايونغا ئۆزىنى
بېغىشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك؛ مەركەزنىڭ
سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش
تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قاتتىق ساقلى-
نىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى سىجىل يېنىكلىتىش
كېرەك؛ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى
مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق بولۇش
ئاساسىي رىتىمدا، شەمشەرنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە چىڭ
تۇرۇپ، دېلو ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە
چىڭ تۇرۇپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭى-
تىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئۇزاققىچە چىڭ
تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ناتوغرا
ئىستىللارنى قەتئىي تۈزەپ، پولاتتەك ئىنتىزام ئارق-
لىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇن-
لاشتۇرمىلىرىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپا-
لەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇ-
رۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، «ئەلراينى
بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش»
بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپى-
سىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق
تارماقلار، ئورۇنلار، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانى-
لار پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپىسى)لىرىنىڭ شۇ-
جىلىرى، قىسمەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتى-
يى ۋەكىللىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي
كېڭەش ئەزالىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك
كادىرلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. يى-
غىندا، خىزمەتتىن دوكلات بەرگەن يولداشلارنىڭ ئا-
ساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تۇتۇش
ئەھۋالىغا قارىتا باھالاش ئېلىپ بېرىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن
ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، «تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىك-
نى بىرتۇتاش پىلانلاش» ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇ-
قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش
بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپ-
چىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ
بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كەڭ ئاممىنى چاغانى
خۇشال ـ خۇرام، ئىناق، تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزۈش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

شىنجاڭ خۇاتەي ئېغىر خىمىيە سانائىتى چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول
قىلىش ئۆيىدە، خىزمەتچى خادىملار چوڭ ئېكرانغا تە-
كىلىپ، ھەرقايسى قۇرۇلمىلارنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى
قاتتىق كۆزىتىۋاتاتتى. شۆھرەت زاكىر كارخانا مەسئۇل-
نىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى
دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىز-
مەتچىلەرنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى.
شۆھرەت زاكىر پولىمېرلىق قازان ئىشلەپچىقىرىش لىنى-
يەسىدە بىخەتەرلىك، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئە-
مەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، خىزمەتچى
خادىملاردىن ئىش ئورنى بىخەتەرلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇ-
لىيىتى، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش
تەدبىرلىرى، يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش قەدەم ـ باس-
قۇچلىرى قاتارلىقلارنى سورىدى ھەم ئىشلەپچىقىرىش
قۇرۇلمىسىنى چارلاپ تەكشۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىت-
لىدى: بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەيشەن تېغىدىنمۇ
ئېغىر، كارخانىلار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر
تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى،
بولۇپمۇ بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بىخەتەر
ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەپ
يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەربىر ئىنچىكە ھالقىنى قو-
يۇۋەتمەي، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى تەلتۆكۈس
تەكشۈرۈپ تۈگىتىپ، ھەربىر ئىشچى ـ خىزمەتچى،
ھەربىر ئىش ئورنىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،
ئىشەنچلىك «بىخەتەرلىك تورى» شەكىللەندۈرۈشى
كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى
تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چاغان
مەزگىلىدە ئىش ئورنىدا قېلىپ ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ
خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ،
ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى خاتىرجەم ئىشلەش، خاتىرجەم
چاغان ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

بۇ يىل نۇرغۇن ئاما ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈ-
زۈش چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى، ئۈرۈمچى ۋوگ-
زالىدا يولۇچى مىقدارى بىرئاز ئازايدى. شۆھرەت
زاكىر بۇ ۋوگزالنىڭ جەنۇبىي مەيداندىكى يىپەك يول-
دىكى مەرۋايىت مۇلازىمەت سۇپىسىغا كېلىپ، يۇقۇمنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئىشلارغا
تاقابىل تۇرۇش ـ بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى ھەم يولۇ-
چىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلى-
دى. بۇ ۋوگزالنىڭ ئۇنىۋېرسال قوماندانلىق مەركىزى-
دە، شۆھرەت زاكىر نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان خىزمەتچى
خادىملارنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئۇ
مۇنداق دېدى: كەڭ چاغانلىق يولۇچى توشۇش خىز-
مەتچىلىرى ھەممە ئائىلىنىڭ جەم بولۇشى ئۈچۈن ئىش
ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، شەخ-
سىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئىنتايىن جاپا چەكتى. كۆپ-
چىلىكنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ
تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قەتئىي ياخشى ئە-
مەلىيلەشتۈرۈپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈپ
ئۆلچەش، يولۇچىلارنى ماسكىنى ياخشى تاقاش، ئارى-
لىق قالدۇرۇپ ئولتۇرۇشقا يېتەكلەش قاتارلىق خىزمەت-
لەرنى ياخشى ئىشلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىخەتەرلىك
تەكشۈرۈشنى تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن
كۈچەيتىپ، نۇقسانسىز بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ،
ھەربىر يولۇچىنى بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق سەپەرگە ئاتلىنىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش داۋامىدا
شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: چاغان يېتىپ
كېلەي دېدى، ئادەم زىچ سورۇنلار، قاتناش ـ ترانس-
پورت، خەتەرلىك خىمىيەۋى بۇيۇملار، پوجاڭزا قاتار-
لىق ساھەلەرنىڭ بىخەتەرلىكى قاتتىق ئالدىنى ئېلىشقا
تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى
تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش-
تىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭتىپ، ئاگاھ سىگنالىنى
ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، دائىم ھوشيار تۇرۇپ، بىخەتەر
ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىي-
لەشتۈرۈشى، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك بىخە-
تەرلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى
ئېلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقى-
رىش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك
قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش،
قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى پۇختا بىخەتەرلىك كاپالىتىگە
ئىگە قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ
100 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

---

(بېشى 4 ـ بەتتە)

مۇقىملىق پايدىسىنى تولۇق يەتكۈزىمىز. ئىدىيەدە
بوشاشماسلىق، تەدبىردە بوشاشماسلىق، مېخانىزمدا بو-
شاشماسلىق، مەسئۇلىيەتتە بوشاشماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ،
8 تۈرلۈك كۆزىتىش ـ سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئىن-
چىكە، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تاشقى جەھەتتە
سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە
قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈز-
لۈك ياخشى ئىشلەپ، ئاممىۋى ساغلاملىق جەھەتتىكى
قانۇنچىللىق كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق
ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەم-
لەيمىز. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت
باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققى-
يات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى
ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى
بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات بىلەن بىخەتەرلىكنى بىرتۇ-
تاش پىلانلاپ، پۇرسەت ۋە ئەۋزەللىكنى چىڭ
تۇتۇپ، نىزام چىقىرىش، نازارەتچىلىك، ۋەكىللەر
خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتلەر ئارقىلىق يۇقىرى سۈ-
پەتلىك تەرەققىياتنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا
تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش-
قا تۆھپە قوشىمىز. بىخەتەرلىك ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇ-
زۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇشنى
چۆرىدەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى
ياخشى ئادا قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلى-
يەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بىخەتەرلىكنى نا-
زارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە
بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك
بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمىز. «ئەلراينى بىلىش،
ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە
كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر
ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇ-
رۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئورۇنلاش-
تۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي تۈردە ياخشى
تاماملايمىز.

**4. نىزام چىقىرىش خىزمەت سەۋىيەمىزنى ئۆس-
تۈرىمىز.** پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق
قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بو-
لىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەر قاتنىشىدىغان نىزام چىقى-
رىش خىزمەت ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەش-
تۈرۈپ، نىزام چىقىرىش خىزمەت مېخانىزمى ۋە تۈزۈمى-
نى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزام-
نى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقى-
رىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىللىقنىڭ ئاساس-
نى مۇستەھكەملەش، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كەل-
گۈسىگە پايدىلىق بولۇشتىكى كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى
تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز. يېڭى دەۋردىكى پار-
تىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە توغرىلى-
نىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بېكىتكەن
نىزام چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ياخشى تاماملاپ، يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان ئۈنۈم بېرىپ كەلگەن، كادىرلار، ئامما
ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇل-
لارنى ۋاقتىدا نىزام ـ بەلگىلىمە ۋە تۈزۈم ئورۇنلاشتۇر-
مىسى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداش،
مىللەتلەر ـ دىن، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇق-
لاندۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، خەلق تۇر-
مۇشىنى ياخشىلاش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش،
ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، ئاممىۋى ساغلاملىق
قاتارلىق مۇھىم ساھەلەردىكى نىزام چىقىرىشنى كۈچەي-
تىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى
قوغداش خىزمەتلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇشقا
ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. نىزامنى ئىنچىكە، دەل
جايىدا چىقىرىش سەۋىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈ-
رۈپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈ-
رۈپ، «چوڭ»لىرىمۇ بولۇش، «كىچىك، تېز
ئۈنۈم بېرىدىغان، ئەپچىل»لىرىمۇ بولۇشنى ئىشقا
ئاشۇرۇپ، «كىچىك ئېغىز» ئارقىلىق ئەمەلىي مەسى-
لىنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، چىقىرىلغان نىزامنىڭ
قاراتمىلىقى، تەتبىقلىنىشچانلىقى، مەشغۇلاتچانلىقىنى
ئاشۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك نىزام چىقىرىش ئارقى-
لىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلى-
مىز، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولى-
مىز، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدايمىز. نىزام چىقى-
رىش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەلىللەش،
باھالاش خىزمەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاسا-
سىي قاتلام نىزام چىقىرىش ئالاقە نۇقتىسى ۋە نىزام
چىقىرىش مەسلىھەتچى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ رولىنى
ياخشى جارى قىلدۇرىمىز. ئاپتونوم رايوننىڭ قائىدە
خاراكتېرلىك ھۆججەتلىرىنى ئەنگە ئېلىش ـ تەكشۈ-
رۈش نىزامىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەنگە
ئېلىش ـ تەكشۈرۈش ئۈچۈر سۇپىسىنىڭ ئىقتىدارىنى
تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈ-
رۈش ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇ-
رۇپ، نىزام ۋە قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى
يىغىپ ئېنىقلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز.
رايون بار شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھى-
يەلەرنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچى-
لىكنى كۈچەيتىمىز، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك ۋە رايون-
لار ھەمكارلىشىپ نىزام چىقىرىشنى ئالغا سىلجىتىمىز،
نىزامنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى چىڭىتىمىز. نىزام
چىقىرىش قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، مۇتىنىزىم-
لاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈش، كەسپىيلەشتۈرۈش
قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىمىز. بۇ يىل دۆلەت خەۋپ-
سىزلىكى قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى، خەلققە
قولاي ساقچى ئىشلىرى پونكىتىنى باشقۇرۇش نىزا-
مى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك
بولۇش پائالىيىتى نىزامى، كەنتتە تۇرۇپ مەسچىت
باشقۇرۇش خىزمىتى نىزامى، ھالقىلىق ئۇچۇر ئۇل
ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش نىزامى، سا-
ياھەتنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى، ھۆكۈمەت ئىشلە-
رى مۇلازىمىتىنى قولايلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى
سۈرۈش نىزامى، قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسى
نىزامى، ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزا-
مى، تاسادىپىي ئاممىۋى ساغلاملىق ۋەقەسىگە تاقا-
بىل تۇرۇش نىزامىنى چىقىرىمىز، يېزا يەر ھۆددىگەر-
لىكى قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى، ئۆلچەش -
سىزىش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسىگە تۈزىتىش
كىرگۈزىمىز، پۈتۈن شىنجاڭدىكى پۇقرالار ئارىسىدا
8 ـ بەش يىللىق قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسى
پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار قاتار-
لىقلارنى چىقىرىمىز.

**5. نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى
ئۆستۈرىمىز.** پارتىيەنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلى-
رىغا زىچ باغلاپ، پۇقرالار غەم قىلىۋاتقان جىددىي،
قىيىن ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دىققەتنى ئاساسىي
قانۇن، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قو-
يۇلۇشىغا ۋە «ھۆكۈمەت، كومىتېت، ئىككى مەھ-
كىمە»نىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا
مەركەزلەشتۈرۈپ، توغرا نازارەت قىلىمىز، ئۈنۈم-
لۈك نازارەت قىلىمىز. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ
شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جا-
يىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، مۇقىملىقنى
قوغداش، مىللەتلەر ـ دىن، ئىقتىساد ـ خەلق تۇرمۇ-
شى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئېكولوگىيەلىك
مۇھىتنى ئاسراش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش قاتارلىق
خىزمەتلەرگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىمىز. نازا-
رەتچىلىك خىزمىتى مېخانىزمىنى، تەشكىللەش شەكلى
ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆ-
نىلىشىدە، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، نۇقتا ئار-
قىلىق دائىرىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، جانلىق قوللى-
نىش، قىيىنغا تېگىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى ئاشۇ-
رۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى تۈزەش ئۈنۈمىگە تېخىمۇ
ياخشى ئايلاندۇرىمىز. بۇ يىل توردا ساختا ئۇچۇر تار-
قىتىشتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى جازالاش نىزامى، ئۇ-
رۇقچىلىق قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يولغا قويۇش
چارىسى، مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى ۋە ئاپتونوم را-
يوننىڭ يولغا قويۇش چارىسى قاتارلىق قانۇن ـ نىزام-
لارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرىمىز، تىياد-
شان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈ-
رۈش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرىمىز؛ چېگرانى
گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش، دىن خىزمىتى، ئاممىۋى
ساغلاملىق مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، يېزا ـ
كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەلىك يىرىك پىلا-
نىنى يولغا قويۇش، «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت
قىلىش» ئىسلاھاتى قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى
دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتىمىز ۋە قاراپ چىقىمىز؛ ئىشقا ئو-
رۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى، ئاممىۋى ساغلاملىق مۇلازىمەت
سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، خوجىلىق باشقۇرۇش خىزمىتى
ئەھۋالىنى چۆرىدەپ، مەخسۇس تېمىدا سوئال سورايمىز.

**6. ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرى-
مىز.** خەلقنىڭ مەيدانىنى باشتىن ـ ئاخىر تۈپ مەيدان،
خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنى تۈپ بۇرچ، ئەڭ كەڭ
خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش،
ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەۋقە
ۋە مەقسەت قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىن-
جاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا
ئىزچىللاشتۇرۇشقا زىچ باغلاپ، خەلق ئۈچۈن ھوقۇق-
مىزنى يۈرگۈزىمىز، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىمىزنى
ئادا قىلىمىز، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز. ۋەكىل-
لەرنىڭ سىياسىي، ئىدىيە، ئىستىل، ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيەلەش خىزمە-
تىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى
ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز. خەلقنى
ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز
تارتىش، خەلققە يېقىندىن تايىنىش، خەلققە ئۈزلۈكسىز
بەخت يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەكىللەر خىزمىتى تۈزۈ-
مىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەر ۋە خەلق
ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇ-
رۇپ، «ئائىلە، ئىشخانا، پونكىت»نىڭ خەلق رايى
كۆزنىكى، قەلب كۆۋرۈكى، تەشۋىقات پونكىتى، نازا-
رەتچىلىك ئورنى، چوڭ دەرىسخانىلىق فۇنكسىيەسىنى
ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ دائىمىي كومى-
تېت، مەخسۇس كومىتېتلار، خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ
خىزمىتىگە قاتنىشىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنى
كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تې-
خىمۇ ياخشى تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنى ئەھۋالدىن خە-
ۋەرلەندۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەكىل-
لەر خىزمىتىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىل-
جىتىپ، ۋەكىللەر خىزمىتىگە مۇلازىمەت قىلىش، كاپا-
لەتلىك قىلىش سەۋىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز.
ۋەكىللەر تەكلىپ ـ تەۋسىيە بېرىش، ئۇنى بېجىرىش،
قايتما ئىنكاس قىلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى
خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ۋەكىللەر تەۋسىيەسى-
گە جاۋاب بېرىش، ۋەدە بېرىش، ھەل قىلىش مېخا-
نىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىز قوغلاپ بېجىرىشكە
ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، تەكلىپ ـ تەۋ-
سىيە مەزمۇنىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشى، بېجىرى-
لىشىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشىنى ئالغا سىلجىتى-
مىز. ۋەكىللەرنىڭ ئاۋانگارت، ئۈلگە بولۇپ، ئاممىنى
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاممىنى يېتەكلەپ، خەلق ئارىسى-
دىن كېلىش، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىش ئەۋزەللى-
كى ۋە رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھام ۋە
مەدەت بېرىمىز.

**7. ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرى-
مىز.** پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش
مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سىيا-
سىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئۆستۈرىمىز.
ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى
كۈچەپ ئەۋج ئالدۇرۇپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جە-
ھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇ-
رۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر
خىزمىتى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ،
دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىش سەۋىيەسىنى
ئۆستۈرىمىز. خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۆزد-
نى بېغىشلاش روھى، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇ-
غان جان تىكىپ ئىلگىرىلەش روھى، جاپا ـ مۇشەققەتكە
چىداپ كۆرەش قىلىدىغان چىدامچانلىق روھىنى جارى
قىلدۇرۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى
لاچىن بايەكەنىڭ ئۈلغار ئىش ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن
ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش،
دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش، خەلققە بەخت يارىتىش
مەسئۇلىيەتچانلىقى، كۆڭۈل تۇرالايدىغان، سۆرەلمە-
لىك قىلمايدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، پەيتنى
قولدىن بەرمەيدىغان، جاسارەتلىك ئىشلەيدىغان
غەيرەت بىلەن، قانچە مۇشكۇل، خەتەرلىك بولغانسېرى
شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۆرەش قىلىش روھى
بىلەن، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتتە
چىڭ تۇرۇش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى خەلق قۇرۇل-
تىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە نامايان قىلىمىز. ئىگەرنى
ئاتتىن ئايرىمايدىغان، جۇلۇۋۇرنى قويۇپ بەرمەيدىغان
ئىرادە بىلەن، قايتا ـ قايتا تۇتۇش، قايتىلىنىشنى تۇتۇش
چىدامچانلىقى بىلەن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پارتىيە ئىستىلى ـ
پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈ-
رىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىمىز. ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ،
ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيەلىك، يېزىلىق خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا مۇناسىۋەت-
لىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىس-
تىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى سەپىرى باش-
لىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈل-
لىنىشىدىن ئىبارەت پارلاق كېلەچەك بىزنى جاسارەت
بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىمەكتە. ھەممەيلەن يولداش
شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېت-
نىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپى بو-
يىچە، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ
ساقلاپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، جاسارەت بىلەن
ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ
گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ
سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ
كۆرەش قىلىپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيە قۇرۇل-
غانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيلى!

**(تەرجىمىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى كاتىبات باشقارمىسى تەرجىمە گۇرۇپپىسى بېكىتتى)**